# مکتب کتابی

## ا- ب کتابی نینک تدریجی

کاشغر شهریده سوتیان فوینک تانک نینک

باسمه خانه سیده باسیلدی

١٩٢٠

S.M.S. Mission Press, Kashgar 1920.

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى

# ١ـ ب کتابی نینک تدریجی.

## اوّلقی جزء.

### ١ اوقوماق.

روزی آخوند و نیاز آخوند دیکان ایکی اوغول بلا بار ایردی. روزی آخوند اوقوش نی بیلمادی لیکن نیاز آخوند مکتبده اوقور ایردی. اول حضرت آدم حوّا ابراهیم اسحق یعقوبدین و هم باشقه باشقه واقعه لار ایتیب برماک نی بیلدی. حضرت آدم نی تونودونک مو دیب روزی آخوند سوردی. نیاز آخوند: یوق اول اوتکان زماندا بار ایردی دیدی. روزی آخوند: انینکدین قایداغ بو نمه نی بیلورسن دیب سوردی. نیاز آخوند: من انینک باره سیدین اوقودوم دیب جواب بردی.

برکون نیاز آخوند باشقه یورت لارنینک توغراسیدا انکا ایتیب بردی. بعضی یورت لارنینک هواسی بو یورت نینک کی دین سوغاق دور. انداغ یورت لاردا

قاوغون و اوزوم پشمایدور. بو یورت‌نینککی‌دین
هواسی ایسّیق یورت‌لار ۲ باردور. انداغ یورت‌لاردا
بعضی مغیزلار بر بلانینک باشیدیك چونك بولادور.
اولارنینك سوی شیرین سوتدیك دوردیدی.

روزی آخوند: سن اول یورت‌دا تورغان مو سن
دیب سوردی. نیازآخوند: یوق امّا من انینکدین
اوقودوم دیدی.

باشقه برکون روزی آخوند اوبده یالغوز تورغانی
اوچون زیریکیب قالدی. بر حکایت انکلاسام بولور
ایردی دیب خیال قیلدی. اول برکتاب تاپیب انی
اچتی. قایلاسه آق کاغذدا قرا جیجیقدین باشقه بر
نمه‌نی کورمادی. تمام کتاب اوخشاش کوروندی. هیچ
نمه اوقمادی. انینك اوچون کتاب‌نی یاپیب الیب
قویدی.

نیازآخوند اویکا کلکانده روزی آخوند ایتی که من
برکتاب‌نی اچیب اوقویمن دیسام اوقویالمادیم. نیاز
آخوند ایتی: اوقوماق‌نی اورکانماسدین ایلکاری کتابدا
نمه پتوکانی‌نی اوقماس سن دیدی. روزی آخوند: ای اکام
حاضر اوقوماق‌نی اورکانسام بولور دیدی. نیازآخوند

ئەۋلاد گۈزۈلۈكى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

انکا جواب بریب ایتی: پات یقیندا منینک بیلان مکتبکا بارسانک بولور مکی. اول یرده اوقوماق نی اورکانورسن دیدی.

## ٢ مکتب ایشلاری.

رزوی آخوند مکتبکا بارادور. چونک بر اویده تولا بلا جمع بولادورلار. همه‌سی صف اولتورادورلار. اولار نینک الدیدا کتاب‌لار و تخته‌لار تورادور. آخونوم مکتبکا کیرکانده بلالار انکا سلام قیلادورلار. آخونوم مقدّس کتابدین اوقوب دعا قیلادور.

بر ساعت اوقوب بولوب بلالار تاشقاری بر چیقیب اوینایدورلار. آوازلاری یراقدین انکلانورلار. کولدورمه چالغاندا بلالار مکتبکا ینه کیرادورلار. ینه کتاب اوقویدورلار. روزی آخوند باشقه کچیک بلالار بیلان ا - ب - پ دیب اوقویدور. دسلابدا ترس ایکان. اوقوماق نی اوبدانراق بیلکانده حکایت‌لار اوقویدور. نیاز اوبدان اوقویدور.

بر ساعت خط قیلادورلار و ینه بر ساعت حساب اورکانادورلار. چونکراق بلالار باشقه علم اوقویدورلار. مکتبده وقت پات اوتادور.

بلالارنی قویوب برادورغان وقت کلکانده آخونوم ینه بلالار بیلان دعا قیلادور. بلالار انکا خوش دیب اویکا کتادورلار. دسلابدا روزی آخوند مکتب نینك ایش‌لارینی ترس کوردی. ایمدی اوقوماق‌نی یخشی کورادور.

## ۳ مکتبکا بارغالی اونامایدورغان بلانینك حکایه‌سی.

اوتکان زماندا بر بلا بار ایردی. اناسی: ای بلام مکتبکا بارینك دیسه اول بلا بارمایمن دیب اونامادی.

اول وقت اناسی تیاقغه باریب ایتی‌که ای جانیم تیاقیم بلام‌نی اوورونك: مکتبکا بارغالی اونامایدوردیدی.

تیاق یوق دیب اورمادی.

اول وقت اناسی اوت‌غه باریب ایتی‌که ای جانیم اوتوم تیاق‌نی کویدوورونك: تیاق بلام‌نی اورمایدور و بلام مکتبکا بارغالی اونامایدور دیدی.

اوت یوق دیب کویدورمادی.

اول وقت اناسی سوغه باریب ایتی‌که ای جانیم سوم اوت‌نی اوچورونك: اوت تیاق‌نی کویدورمایدور

ئۇيغۇر گۈزىلىنى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

تیاق بلام‌نی اورمایدور و بلام مکتبکا بارغالی اونا مایدور دیدی.

سو یوق دیب اوچورمادی.

اول وقت اناسی کلەکا باریب ایتی‌کە ای جانیم کلەم سونی ایچینک: سو اوت‌نی اوچورمایدور اوت تیاق‌نی کویدورمایدور تیاق بلام‌نی اورمایدور و بلام مکتبکا بارغالی اونامایدور دیدی.

کلە یوق دیب ایچمادی.

اول وقت اناسی قصّابغە باریب ایتی‌کە ای جانیم قصّاب اوستام کلەنی بوغوزلانک: کلە سونی ایچمایدور سو اوت‌نی اوچورمایدور اوت تیاق‌نی کویدورمایدور تیاق بلام‌نی اورمایدور وبلام مکتبکا بارغالی اونامایدور دیدی.

قصّاب یوق دیب بوغوزلامادی.

اول وقت اناسی ارغامچیغە باریب ایتی‌کە ای جانیم ارغامچیم قصّاب‌نی باغلانک: قصّاب کلەنی بوغوزلامایدور کلە سونی ایچمایدور سو اوت‌نی اوچور مایدور اوت تیاق‌نی کویدورمایدور تیاق بلام‌نی اورمایدور و بلام مکتبکا بارغالی اونامایدور دیدی.

ارغامچی یوق دیب باغلامادی.

اول وقت اناسی سچقانغه باریب ایتی که ای جانیم سچقانیم ارغامچی‌نی قیرقینک: ارغامچی قصّاب‌نی باغلامایدور قصّاب کله‌نی بوغوزلامایدور کله سونی ایچمایدور سو اوت‌نی اوچورمایدور اوت تیاق‌نی کویدورمایدور تیاق بلام‌نی اورمایدور و بلام مکتبکا بارغالی اونامایدور دیدی.

سچقان یوق دیب قیرقمادی.

اول وقت اناسی موشوککا باریب ایتی که ای جانیم موشوکوم سچقان‌نی ییںک: سچقان ارغامچی‌نی قیرقمایدور ارغامچی قصّاب‌نی باغلامایدور قصّاب کله‌نی بوغوزلامایدور کله سونی ایچمایدور سو اوت‌نی اوچورمایدور اوت تیاق‌نی کویدورمایدور تیاق بلام‌نی اورمایدور و بلام مکتبکا بارغالی اونامای دور دیدی.

موشوك میانک دیب سچقانغه یوکوردی و حاضر سچقان ارغامچیغه ارغامچی قصّابغه قصّاب کله‌کا کله سوغه سو اوت‌غه اوت تیاققه تیاق بلاغه یوکوردی امّا بلا اوزی مکتبکا یوکوروب باردی.

www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## ۴ یخشی تعلیم.

برکون مکتب ملاسی بلالارغه ایتی : ای بلالاریم سیزلار اوبدان کونکل قویوب دقّت برله اوقونکلار. قایسینکیز باشقه اداشینکیزنینک هورونلوقی‌نی کورسه شونی منکا دیب برسون. اندین کین من اوزوم انی تحقیقلایمن.

نعمت آخوند دیکان بر بلا شو اوبدان بولادور دیب خیال قیلدی. من پالتو آخوندنی مارایمن چونکه انی یخشی کورمایمن. اول کتابغه قایلامای اولتورسه حاضر شونی دیب برای دیب اویلادی. همان اول وقتدا پالتو آخوند چوره‌سیکا قایلادی. نعمت اخوند توختامای آخونومغه شونی دیب بردی.

آخونوم: منا شونی قایدین بیلورسن دیدی. من اوزوم قایلاب کوردوم دیدی. امّا کتابینکغه قایلاب توروب انی قانداغ کوردونك دیب سوردی. اول وقت نعمت آخوند توزاقغه توشکانی‌نی بیلیب اول کوندین تارتیب هورون بلالارنی مارامادی.

# ٥ خدا کورادور.

یعقوب آخوند و ساراخان صحرادا اولتوروغلوق ایردی. بر کون اویده یالغوز قالدیلار. یعقوب آخوند ایتی: ای اچام کلینك اویده یکالی تاتلیق بر نمه بارمو ایستایلی دیدی. ساراخان انکا جواب بریب ایتی که هیچ کمرسه بیزنی کورمایدورغان بر جای نی بیلسانك برله بارای دیدی.

ارموت درخت دا یخشی ارموت باردور. بیز درخت نی ایرغاتیب ییلی دیدی. ساراخان جواب بریب ایتی: بولمایدور همسایه میز حویلی سیدا اوتون کسادور؛ اول بیزنی کورادور.

یعقوب آخوند ایتی: بو یرکا یقین بر قاوغوندوق، باردور. اول یرکا باریب قاوغون ییلی دیدی. ساراخان انکا جواب بریب ایتی که بولمایدور همسایه نینك خاتونی حویلیدا اولتوروب ییب ایکرادور؛ اول بیزنی کورادور.

یعقوب آخوند ینه ایتی که ایمدی بیلدیم. قازناقدا بر خالته یمیش باردور؛ اول تاتلیق بولادور. اول یر قرانکغودور و هیچ کیم بیزنی کورالمایدور دیدی. ساراخان جواب بریب ایتی: اول یرده هیچ کیم بیزنی کورمایدور دیکانینك راست مو؟ یادینکغه کلتورکیل. اول یر قرانکغو بولغانی بیلان بیزنی کورادورغان کمرسه بارمکی دیدی. یعقوب آخوند خجالت بولوب ایتی: ای اچام راست ایکان؛ هر قایداغ قرانکغو یرده بولساق خدا بیزنی کورادور دیدی.

ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com

## ۶ اطاعتلیق.

رحیم آخوند اناسی و بر کچیک سنکلی بیلان شهرده تار بر کوچهده اولتوروغلوق ایردی. اناسی تول خاتون بولغان اوچون تیکیش قیلیب اوزینی و بلالارینی باقار ایردی. رحیم آخوند اوبدان بر بلا ایردی. اوی تنکلیکیده اناسیغه یاری بررور ایردی. چونک بولغاندا ایشلاب پل تاپیب انامغه تخی چونک یاردم برای دیب نیتی بار ایردی. من خواهلاغاندیک بولسه: انام موندا‌غ تولا ایش قیلیب تنکلیک تارتماس ایردی دیب خیال قیلیب یورور ایردی.

مکتبده اوقوب بولغاندا حاضر اوییکا یوکورب باریب کچیک سنکلی بیلان اویناغاچ باقیب برماکی بیلان اناسیغه یاردم برور ایردی. اناسی شهرکا انی بر ایشقه بیورسه پات قیلیب کلدی. اناسی انکا هر ایشدا پوتوب انینک یخشی ایشلاری اوچون تولا خوش بولور ایردی. اخشامدا یاتار محلده اناسی اوغلیغه ایتور ایردی: ای بلام سنینک اطاعتلیقینک اوچون خداغه شکری ایتورمن؛ بو کیچه اوبدان اوخلاغیل دیر ایردی. اناسی‌نینک شو سوزی انکا چونک بر عطیّه‌دیک بولدی. شونینک اوچون اداشلاری بیلان اویناماى اناسیغه تخی اوبدان یاردم برور ایردی.

بر کون کیچقورونده اناسی: بو پوتکوزکان چپان‌نی الیب باریب فلان کشیکا برینک دیدی. سنکلی کسل بولغان و اناسی انسراب انی کوتاریب یوردی انینک اوچون رحیم آخوندغه: ایتیّک باریب کلینک دیدی.

اناسی دیکاندیك قیلیب اوییکا یانغاندا یولدا بر نیچه اداشلاری بیلان کوروشتی. اولار: بیز بیلان کلینك چانکیچیلهکا باریب تماشا کوروب کلالی دیدی. اول بلالار تماشاغه قزیق بولوب انی هم قزیقتوردی لار. اول ازغنه وقت ایکی خیالدا قالیب کونکلیده ایتی: یوکوروب باریب ازغنه تماشا قیلیب حاضر یانیب کلسام انام منکا انچه ساقلاب تورماس دیب بر مدت امتحاندا ایردی. اندین خیال قیلدیکه یوق انامغه اطاعت قیلای؛ اول هر ایشدا منکا پوتادور دیب اناسی نینك قاشیغه یوکوروب باردی. سنکلی نینك کسلی یمانراق بولغانی اوچون اناسی انکا ساقلاب توروب کلکانده انکا ایتی: یلدام باریب طبیب نی قیچقیریب کلینك دیدی. رحیم آخوند اناسی سوز قیلیب بولغان همان یوکوروب طبیب نینك اوییکا باردی. اول طبیب حاضر رحیم آخوند نینك اوییکا برله باردی. سنکلی نینك کسلی اغیرراق ایکان امّا طبیب حاضر کلیب دارو قیلغانی برله ساقایدی. بلانینك ساقایغانی اوچون اناسی و اکاسی تولا خوش بولدی. امّا طبیب ایتیکه ازغنه حیال بولغان بولسانکیز بلا اولوب کتار ایردی.

اخشامی رحیم آخوند بیلان اناسی بلانینك ساقایغانی اوچون خداغه حمد و شکر ایتی. اندین رحیم آخوند یولدا اداشلاری نینك کپلاری بیلان امتحانغه توشکانی نی و خدا انکا یاردم برکانی نی اناسیغه ایتیب بردی.

ئۆلاد گوزۆپيسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

شونداغ رحیم آخوند نینك اطاعتی بیلان سنکلی اولومدین قوتولدی.

## ٧ اطاعتسزلیق.

یوسف آخوند دیب بر بلا اناسی بیلان بر کنتده اولتوروغلوق ایردی. یوسف آخوند اویکا یقین بر مکتبده اوقور ایردی. مکتبدین آزاد بولغاندا حویلیدا اوینار ایردی.

اول حویلیدا زور بر ایت بار ایردی. بو ایت یوسفکا تولا امراق ایردی و نه یرده اوینسه ایرکاشور ایردی. یوسف اولتوروغلوق حویلیغه یقین چونك بر کول بار ایردی. یوسف کولکا یقیلماسون دیب اناسی انی حویلیدین تاشقاری اوینغالی قویماس ایردی. برکون یوسف کیچیك بر یغاچ کمه یساب دور. اول کمه‌نی قولیدا کوتاریب اناسی‌نینك قاشیغه یوکوروب کلیب: ای انام من تاشقاریدا ازغنه اوینب کلای دیب سوردی. اناسی: معقول امّا کولکا یقین بارماڭ دیدی. یوسف اناسی نینك سوزینی انکلادی امّا اطاعت قیلمای کمه‌نی الیب کولکا یوکوردی. ایبیکا کلکانده کمه‌نی اوزون بر شوینه‌غه باغلاب کولکا قویدی. ایتّیك مانکدورامن دیب تورغاندا شوینه قولیدین چیقیب کتّی. شوینه‌نی الغالی بك اینکیشکانده کولکا یقیلیب توشتی. یقیندا آدم یوق ایردی امّا ایت انکا ایرکاشیب کلکان ایردی. اول کولکا سکراب توشوب بلانی ایکینیدین تیشلاب قوروققه تارتیب الدی. ایت‌نینك یاردمی بیلان

قوتولوب هول ايکينی بيلان اويیکا ياندی. بو نوبت یوسف آخوند تياقدين قوتولدی. امّا موندين کين اطاعتسز بولماڭ ديب اناسی انکا نصيحت قيليب بردی.

## ٨ چاقانليق نينك فائدەسی.

بر آدم نينك چوڭ بر حويلی سی بار ايردی. قوشنيلاری نينك بلالاری توپلا وقت کوچەکا چيقيب اويناب يمانليق اورکانکالی توردی. حويلی ايکاسی کوچەدە بيکار يوروب يمانليق قيلماسون ديب اولارنی پات پات اوشاق ايشلارغە سالور ايردی. بر کون ايرتەکانليکدە اولارنی قيچقيريب اوتياشليق نينك اوتی نی اوتاب توکاتيب برسانکيز اخشاملیقدا سيزکا بر نرسە برامن ديب ايتيب اوستيدە خبر الغالی بر خذمتکارينی قويدی. بلالار ايشقە توشتيلار. توپلاسی ايش نی اوبدان قيلدی ليکن قادر آخوند ديکان بر بلا ايش قيلغالی خوش ياقماي اويناب اولتوردی. خذمتکار خبر الغالی کلسە ايش قيلغالی توردی کتسە ينە اويناب اولتوردی. کيچقورون حويلی ايکاسی بلالارنينك قيلغان ايشی نی کورکالی چيقسە قادر آخونددين باشقە بلالار اوز ايشلارينی توکاتيب چوڭ لاری نينك اوتی نی اوتاب بولوب دور. امّا قادر آخوند ايشی نينك تنکی نی هم قيلماب دور. حويلی ايکاسی: سن نمە اوچون ايش قيلمادينك ديب سورغاندا قادر آخوند: قورساقيم اغرييدور ايش قيلالماديم ديب

ئەۋلاد تورىبىتى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بهانه قیلدی. حویلی ایکاسی بلالارغه بر اولاغ اوبدان قاوغون الیب کلتوروب اولاشتوروب برکالی تورسه قادر آخوند هم بیمن دیب کلدی. حویلی ایکاسی کولوب سنینک قورساقینک اغریق قاوغون یسانک یمانراق بولادور دیب انکا قاوغون برمای باشقه بلالارغه تقسیم قیلیب بردی. قادر آخوند شونی کوروب اویاتیب پشیمان بولوب کتّی.

## ۹ هورونلوق نینک جزاسی.

نیاز آخوند دیکان هورون بر بلا بار ایردی. بر کون بر تام نینک اوستیده اولتوردی. اول تام چونک بر یول نینک یانیدا ایردی. چونک بر کتاب نی اوقوغاندیك اولتوردی. همه کشیلار منی کوروب ایشقه خوشی بار بر بلا ایکان دیب خیال قیلسونلار. ازغنه اوقوب مور کوداب قالدی. اول وقت برقوچقار کالدی. بلانینک مور کوداب پات پات باشی نی سالیب کوتاریب اولتورغانی نی کوردی. منینک برله اوسوشماك نی خواهلار سن مو دیب تورسه نیاز آخوند ینه مور کودادی. قوچقار حاضر برنچه قدم کینیکا یانیب نیاز آخوندنی بر اوستی. اول تامدین یقیلیب اویغاندی. قولیدا بار کتاب نری توشتی. نیاز آخوند تولا خجالت بولوب قوپوب کتّی. امّا قوچقار: منینک بیلان اوسوشادورغان شونداغ بلا ینه بار مو دیب اول یرده ساقلاب قالدی.

## ۱۰ ایش واویان.

الماس آخوند دیکان کچیک بر بلا مکتبده اوقور ایردی . بر کون مکتبکا بارغاندا اوقوماقدین اویناماق انکا خوش کورونددی . اویناغالی بر اداش ایستادی. اوّل بر کُلدا عسل هره‌سی‌نی کوروب: منینک برله اوینامسن دیب سوردی . اول ایتی‌که یوق من ایش قیلمای اویناب یورسام بولمایدور. کُل بار وقت‌دا عسل ییغماق منکا ضرور دیب ینه بر کُلغه اوچوب کتتی. اندین الماس آخوندغه بر مرکان‌نینک ایتی اوچرادی . منینک برله اوینامسن دیب سوردی . ایت ایتی‌که بیکار یوروش منکا کلیشمایدور. من ایکامکا بر طاوشقان‌نی تاپیب برای دیب ایتّیک یوکوروب کتتی . اندین کین الماس آخوند بر قوچقاچ‌نی کوردی. منینک برله اوینامسن دیب انینکدین سوردی . اول ایتی‌که فرصتیم یوق . من اُوّامغه چانکا تیزیب الامن دیب جواب بریب اوچوب کتّی . ازغنه وقت‌دین کین الماس آخوند بر اُوی‌نی کوروب : ای اُوی منینک برله اویناانک دیب قچقیردی . لیکن اُوی ایتی‌که بولمایدور ای خواجه‌م بولک ایشیم بار. من قوش تارتماسام آدم‌لارغه اشلیق چیقمایدور دیب کتّی. اول وقت الماس آخوند اوزکونکلیده خیال قیلیب ایتی: بولارنینک هیچ قایسی‌سی اویانغه فرصت تاپماسه مندیک اوغول بلاغه همیشه اویناب یورکالی لایق ایماس مکی دیب مکتبکا اوقوغالی باردی .

## ۱۱ اناسیغه یاری برکوچی.

مریم خان دیکان بر بلا صحرادا اولتوروغلوق ایردی . بش بر توقّان‌نینک اراسیدا همه‌دین چونک و اوزی اون بر یاشقه کیرکان ایردی . اناسی‌نینک ایشی تولا ایردی و مریم خان کچیک وقتیدین تارتیب اویده یاری بورور ایردی.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اناسی هر قچان مونی قیلینک انی قیلینک دیسه مریم خان خوشلوق برله طیّار ایردی. ایرته‌کانده اویغانغاندا اوتون الیب کلیب چوکونده سو قایناتیب قویدی. اندین کین کچیک اوکالاریغه ایکینی‌نی کیدوروب اوی‌نی پاکیزه قیلور ایردی. اناسی اولاغ‌نی باققاندا مریم خان شو ایش‌نی قیلور ایری.

بر کون مریم خان اناسی برله شهرکا جماعه‌لاری بیلان کوروشکالی باردی. اول یرده آیم خان دیکان بر بلا بار ایردی. اناسی انی اوییده یاری برکالی قویمادی امّا کوچه‌لارداکی بلالار بیلان تمام کون اویناغالی قویدی.

مریم خان شونی کوروب اناسی‌نینک اوییکا یانیب کلکانده بالدورقی‌دیک خزمت‌نی اوبدان قیلمادی. اناسی انی بر ایشقه بیورسه یوق دیمادی امّا خوشلوق بیلان قیلمادی. اوی‌نی پاکیزه قیلماقچی بولغاندا سرانجام‌لارنی اچیغی بیلان بو یانغه اول یانغه ایشتیب ایتیب ایش‌نی چالا تاشلادی و یا کچیک اوکاسی یغلاسه انی دشکولاب کوتاردی. اناسی شهردین کلکانده پات پات یمیش الغاچ کلیب بلالاریغه برور ایردی. موندغ وقتدا ایشی‌نی برار برار خوشلوق بیلان قیلدی. امّا ایرته‌سی بالدورقی‌دیک خفه‌لیق برله ایشی‌نی قیلدی. اناسی شونی کوروب بلاسی اوچون تولا بی‌آرام بولدی.

بر کون آیم خان‌نینک اناسی اولدی و آیم خان‌نی باققالی بولک بر کشیکا برماکچی بولدی دیب خبر کلدی. مریم خان بو واقعه‌نی انکلاب: منینک انام بولماسه منکا قانداغ بولور ایردی دیب اویلاب اولتوردی. منینک انام اوز بلالاری اوچون تولا ایشلامایدور مو؟ انام بار بولغانی اوچون خداغه شکر ایتقالی یادیمغه تخی کلتورماب دورمن و کچیک اوکالاریم‌نی باققالی انامغه یاری برماب دورمن انام‌نینک ایشی جیق امّا اوزی عاجزراق ایکان. موندین کین

نمه ایش بولسه انام اوچون خفه بولمای قیلیب برای دیب خدادین توفیق تیلادی. اول کوندین تارتیب یخشی بلا بولغالی و ایشلارینی خوشلوق بیلان قیلغالی توردی. اتا اناسی تفاوت‌نی کوروب خوش بولدیلار. اناسی انکا خوشلوق بیلان قایلاسه ایشلاری انکا تولا اسان کوروندی.

## ١٢ صادق پورچی.

صادق آخوند دیکان بر اوغول بلا بار ایردی. هر ایش‌نی باشقه کشیلاردین اوبدانراق من بیلامن دیب خیال قیلور ایردی. من مونی بیلامن، من انداغ قیلامن، من مونداغ قیلامن سیز بیلمای سیز دیب اوزینی دانکلاب یورار ایردی. انینک اوچون انکا خلق لقب قویوب صادق پورچی دیر ایردیلار.

بر کون انینک اناسی بر تخسه‌نی انکا بریب ایتی: ای بلام مونی الیب دوکانغه باریب اون پُل‌لوق سوقوغلوق قرا مُرچ و اون پُل‌لوق قرنفل (* الیب کلینک: امّا قرا مُرچ بیلان قرنفل ارالاش بولوب کتماسون دیب قولیغه یکرمه پُل بریب ایباردی.

صادق آخوند تخسه بیلان پُل‌نی الیب دوکانغه یوکوروب باردی. اون پُل‌لوق سوقوغلوق قرا مُرچ برسه‌لار دیب ایتی. مونی تخسه‌غه قویوب بولوب اون پل‌لوق سوقوغلوق قرنفل مو برسه‌لار دیب قولی داکی یکرمه پُل‌نی تاشلاب بردی. دوکاندار قرنفل‌نی تارتیب تورغاندا صادق آخوند تخسه‌نی اُوروب مُرچ بیلان ارالاش بولماسون دیب قرنفل‌نی تخسه‌نینک قونکیغه سالدی؛ امّا قرا مُرچ یرکا توشوب کتکانی‌نی کورمادی.

---

*) یاکه قلمفور.

ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com

اویکا بارغاندا اناسی خوش بولوب: پات یانیب کلدینک یخشی بلا ایکان‌سن دیدی. امّا قرا مُرچ نه یرده دیب سوردی. صادق آخوند منا موندا دیب تخسه‌نی اورودی. و منا قرنفل یرکا توکولوب کتّی. و هم قرا مُرچدین تخسه‌دا هیچ نمه قالماب‌دور.

صادق آخوند مونی کورکانده حیران قالدی و یوزی‌نینک رنکی کتّی. اناسی انکا قایلاغاندا کولکوسی‌نی توختاتالمادی. صادق پورچی بو قتیم تنبه‌دین قوتولدی چونکه اناسی کوردی‌که بیچاره‌نینک نیتی یخشی بولغان ایردی. اما خیلی وقتغچه سودا قیلیش‌نی انکا تاپشورمادی.

## ۱۳ اتا انا.

تولا آدم اوزینی بیچاره کورساتماك اوچون: انام یوق دادام یوق دیدور. کیچیك بلا بولسه اتا اناسی بولماسه البتّه راست بیچاره دور. اتا انا دیکان بیزکا همه‌دین عزیز دوست بولادور. باشقه دوستلار بولسه: منکا نمه فائده بولادور؟ اورنیغه منکا نمه برادور دیب بیزکا دوستلوق قیلادور. بیز اولارنی خفه قیلساق بیزنی تاشلایدورلار؛ لیکن اتا انا دیکان بلاسیغه پرورش قیلغاندا انداغ خیال‌نی هیچ قیلمایدور. بلا انا داراسی‌نی خفه قیلسه اولار کونکلیده ساقلامایدور لیکن ینه محبّت کورساتادور. بلا عاجیز بیچاره بولسه یا کسل بولسه انی تاشلامای تخی چونك محبّت برله پرورش قیلادور.

مثلاً بر باغ‌نینک تامی بار و کوچت‌نینک یولانچاکی بار. انینک بیلان کوچت‌کا حیواندین و بوراندین زخم تکمایدور. شونداغ هم بر بلانینک انا داراسی بولسه یا اورنیدا خبر الادورغان کشی‌سی بولسه بلاغه چونك بر پناه بولادور. آچ قالسه اش برادور یلانکغاچ بولسه ایکین د ادور غملیق بولسه تسلّی برادور و بلاسی‌نینک همه درد بی آراملیقیسه شریك بولادور.

بیز بیلورمیزکه بر آدم کورماکان یرلارکا بارسه یولنی بیلمای اسان اریقیب کتیب جبر تارتادور. شونداغ هم بر بلا چونك کشیدین تربیت تاپمای اوزی بیلکانیدیك یورسه یخشی یمان ایشلارنی بیلمای فائده نینك اورنیغه زیان تاپادور. لیکن اتا اناسی بولسه زیانیغه سبب بولادورغان ایشلارنی بیلدوروب احتیاط قیلیشنی اورکاتادور.

پس اتا انادین بلاغه اوبدان کشی یوق دور. بلا اولارغه همیشه حرمت قیلسون و یمان ایشقه بیورماسه اولارغه اطاعت قیلسون و تریغاندا محبّت برله اولارنی پرورش قیلغای.

## ۱۴ مسافرنینك ساغینیقی.

اوتکان زماندا یعقوب آخوند دیب بر بلا بار ایکان میش. اول اتا انا و بته اکا اوکاسی بیلان بر اویده اولتوروغلوق ایردی. اتا اناسی کمبغل کشیلار ایردی. هر قانچه ایش قیلغانی برله بلالاریغه و اوزیکا یکولوك و کیکولوك آران یتکوزور ایردی. انینك اوچون یعقوب نینك یماکی زغرا ارپه نان دوبز نان اوماچ و انداغ غذالار ایردی. کییشی کهنه ایکین ایردی. سوغاق تولا بولماسه همیشه یلانك اياغ يورور ایردی. امّا اوزی چقّان و هوشیار بلا ایردی. مکتبکا برکانده اوقوش و خط پتوشنی پات اورکانیب خیلی ملا بولدی.

یعقوب آخوند اون تورت یاشقه کیرکانده بر بای سوداکر انینك هوشیارلیقینی کوروب بیلیب اتااناسیغه ایتی: بو بلانی منکا برینکلار. من انی اوز شهریمکا الیب باریب اوقوتوب ملا قیلای. هم دوکانیمدا انکا اوبدان ایش بریب پرورش قیلامن دیب ایتی. اتا اناسی بو سوزکا معقول دیدی. یعقوب آخوند خیال قیلدی که البتّه بای نینك کی دا یخشی اش یخشی ایکین و اوبدان تماشا بار دیب خوش بولدی. بر نچه کوندین کین بای بیلان یعقوب آخوند یولغه چیقتی.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمى ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بای نینک شهریکا بارغاندا یعقوب آخوند مکتبده خیلی وقتغچه اوقوب توردی. بای نینککی‌دا هم انچه مونچه ایش قیلیب یوروب اوبدان تورور ایردی. بای هم انی اوبدان کوروب انکا ینکی ایکین ایاغ قیلیب بردی و هرکون اوزی ییدورغان غذادین بریب اوبدان باقار ایردی. بو خبر اتا اناسیغه یتکانده اولار هم خوش بولوب قالدی. همسایه لاریغه بلاسی‌نینک کبی‌نی قیلیب ایتی: بیزنینک یعقوب اول بای‌نینک کی‌دا شونداغ اوبدان تورادور ایکان، انداغ مونداغ ایش قیلادور ایکان بای انی اوز بلاسیدیك کورادور ایکان، انکا بقصب چپان قریم اوتاك بریب ایکان دیب خلققه آشوروب دانکلاب بردی.

لیکن یعقوب آخوند اوزی بای‌نینک اوییده بر نچچه زمان تورغان دین‌کین زیریکیب قالغالی توردی. اوّل کلکانده تولا خوش بولوب یوروب ایردی، امّا بارغان ساری کونکلی ساوری. همیشه کونکلیده بر دردی بار ایردی: من اتا انام اکا اوکام‌نی برکورسام دیب تولا ساغینیب یوردی. بای‌نینک اوییده یاغلیق توقاچ قاتلامانان یکانده اناسی ایتیب برکان زغرا نان و ارپه نان‌نی ساغینیدی، پالاو بیلان حلوا یکانده اناسی ایتیب برکان اوماچ‌نی ساغینیدی. اوجمه پشقاندا اناسی نینك اوکزه‌سیده ایلماك بیلان تارتیب یکان اوجمه‌نی یاد قیلیب تکی تولاراق ساغینیدی. شونداغ یوروب اوروغلاب قالدی. بای‌نینک اوییده تخمیناً ایکی یل تورغاندین‌کین چیداماي برکون بای‌نینک قاشیغه کیریب اتا انام‌نینک قاشیغه بارسه ایردیم دیب جواب سورردی. بای: بو یر یخشی ایماس مو دیب سورردی. یعقوب اخوند: بو یر تولا یخشی دور، موندا تولا اوبدان توردوم، لیکن اتا انام‌نی اوز یورتوم‌نی ساغینیدیم. اوز یورتومدا مردکارچیلیق قیلیب آچ قالسام هم اول یرده تورغوم بار. غیری یورت هرقانچه اوبدان بولسه مو انینکدین اتا انام نینك یورتی اوبدان دیب بایدین جواب الدی.

## ١٥ داود اخوندنینك یخشی عملی.

داود آخوند مکتبدین چیقیب اوز اویکا کلکانده اناسی انکا برکیرده نان بردی. اول انی الیب عای حویلیغه چیقیب قور ساقی اچقونچه اویدی. نان نی یکالی تورغاندا همسایه نینك بلاسی اینینك قاشیغه کلیب کیرده نانی نی کوروب ایتی: وای منینك کسل اچام نچه مرتبه کیرده نان تیلابدور قیمت دیب الالمادوق. داود آخوند حاضر کیرده نانی نی ایکی پارچه قیلیب چونك پارچه نی انکا بریب ایتی: شونی الیب کسل آچانکیزغه برینك دیدی.

## ١٦ همراهینکغه یاریلیق برکیل.

بیز سفر قیلغاندا بر وقت یته عرابه الیب یولغه چیقتوق. بر نچه کون اوتکاندین کین بر اط کسل بولوب یوکی نی تارتالمادی. عرابه کشلار مصلحت قیلیب اول عرابه نینك یوکی نی بولوب اوز عرابه لاریغه سالدیلار. لیکن بری اونامای المایمن دیب جدل قیلدی. بر آدم انکا ایتی: سن بو کون یاریلیق قیلسانك سن تنکلیککا توشکانده اول سنکا هم یاریلیق قیلور اما اول اونامادی. برنچه

ئۇلاد گوزۇپيسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

کوندین کین چونك بر دریادین اوتماکچی ایردوك. دریانینك اوترا سیدا اول جاهل آدم نینك اطی عرابه‌سی برله پاتیب قالدی. امّا قالغانلار نینك همه‌سی سلامت اوتیلار. هر نمه قیلسه عرابه‌نی چیقارالمادی. همراه‌لاری یاری برمای قایلاب توردیلار. علاج تاپالمای ناچار بولوب عذره ایتیب اولاردین یاریلیق تیلادی. اندین اولار دریاغه کیریب انی اطی‌نی عرابه‌سی برله سودین قوروققه چیقاریب بردیلار. آدم‌لار نینك سیزلارکا هر نمه قیلیشی‌نی خواه‌لاسانکیز سیزلار هم اولارغه شونداغ قیلینکلار.

## ۱۷ موشوك‌نینك بیانی.

همه‌میز موشوك کورکان‌دورمیز. تولاراق اوی‌لارده باردور. موشوك‌نینك باشی یمولاق‌دور. کوزلاری چونك و قرانکغو لوقدا چاقلانادور. ایکی تیك قولاقی باردور. کیرپیکی و بروت لاری اوزون دور. بدنی اوزون و ایکیلکودیك یومشاق دور. ایکیز یردین یقیلسه همیشه زخم بولماغودیك اوره توشادور.

موشوك‌نینك الدی پوتیدا بشدین و آرقه پوتیدا توردین تیرناقی باردور. تیرناق‌لاری ایکیلکان و ایتیك‌دورلار. موشوك

تیرناقلارینی پنجه‌سیکا ییغیب الالایدور. خفه بولسه تیرناق لارینی چیقاریب تاتالایدور.

موشوك نینك طویغونی تولا ایتّیك دور. کومشاریغه بروت لاریغه و هم بدنی نینك توك لاریکا بر نمه تکسه حاضر طویادور. انکلاماقی کورماکی هم نهایت ایتّیك دور بر نرسه ازغنه شرپه قیلسه حاضر انی طویادور. طعمه‌سی نی ایستاکانده اوشبو قوّه لاری انکا چونك خذمت قیلادورلار.

موشوك یرتقوچی حیوان دور. سچقان توتماقی بیلان آدم‌غه چونك خذمت قیلادور.

موشوك سچقان توتقاندا قانداغ قیلغانی نی البتّه کوروب دورسن. اوّل انی مارایدور اندین بر ایتّیك ایتیلیب سچقان نی تیرناق لاری بیلان توتادور. اندین ازغنه قویوب بریب سچقان قاچقالی تور غاندا انی ینه توتوب الادور شو طریقه‌دا انی اویناب ییدور.

بعضی وقت موشوك اوغورلوق قیلیب خفه‌لیق قیلادور. بر کمرسه انی کورماکانده کوشت و نان تاپسه انی اوغورلاب ییدور کشی انی طویسه جزادین قورقوب قاچیب کتادور. سیلاماغلیققه و یومشاق کیکا موشوك نینك خوشی بار. اوّل خوش بولسه

ئۇلاد گوزۇپيسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

اوروتوب خورك تارتادور بلالار موشوكنی خوش قیلسه اولار
بیلان اوینashادور.

موشوك اوزینی پاکیزه ساقلایدورغان بر جانوردور. پات
پات تیلی بیلان توکینی یالایدور. مونی قیلغاندا موشوك مهمان
چیرلایدور دیرلار. کوندوزی ایسّیق و یومشاق یرده یاتقالی
خواهلایدور. امّا کیچه‌سی طعمه ایستاب یورادور.

موشوکنینك همه‌دین چونك دوشمنی ایت‌دور. بر ایت انکا
یقین کلسه غجیلداب پوقویدور. اوزینی قوتقازماق اوچون کماغه
کیرادور یا درخت‌غه چیقادور. مونداغ یرلارده ایت انی
قوغلاب توتالمایدور. امّا بعضی بر بری بیلان دوست بولغان
موشوك و ایت‌لار هم باردورلار.

اسلان توغولغاندا تخمیناً توقوز کون کوزی کورمایدور. کوز
لاری اچیلغاندین کین اسلان تولا چرایلیق اویانچی چیقادور.
اناسی بلالار چونك بولغونچه اوبدان باقادور. موشوك تورا
دورغان اوی‌نی و انی باقغوچی‌نی اوبدان تونویدور. بر کمرسه
موشوكنی بر سبدکا سالیب تورغان اویدین یراقغه الیب باریب
تاشلاسه اول یول‌نی آسان تاپیب اویکا یانیب کلادور.

# ۱۸ موشوك حكايه‌سی.

بر كشی بر شهردين يكرمه پوطی يراق بر يركا كوچوب كتكانده اوز موشوكی نی همم برله اليب باريب ايردی. اول يركا بارغاندين كين موشوكی ايكی نی اسلانلادی. بر نچه كونغچه بلالارينی اوبدان باقيب توردی. اسلانی نينك كوزلاری اچيلغان وقتدا بر اسلان اناسی بيلان غائب بولدی. ايكاسی اولارنی ايستاب تاپالمای بر طريقه بيلان اولدی ديب خيال قيلدی. ايكی هفته‌دين كين بالدور اولتورغان يرينكيز كا موشوك اغزيدا بر اسلان نی كوتاريب يانيب كليب دور ديب ايكاسيكا خبر بولدی. موشوك نينك مقدوری يولدا نهايت اوزولوب كتيب ايردی امّا ايكاسی نينك كهنه اغينه‌لاری رحم قيليب باقتی. ازغنه وقتدين كين موشوك اسلان نی اول يرده قويوب ايكاسی نينك كی‌غه باردی. ايكاسی موشوك نی كوروب خوش بولوب ايمدی اسلانی بيلان توختايدور ديب خيال قيلدی. امّا انداغ بولمادی. برنچه كون آرام اليب ينه بر اسلانی نی الغاچ كهنه اويكا كتتی. اندين اول يرده توردی.

ئەۋلاد گۈزۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# ١٩ پیپی آخوند بیلان دیونینك چوچکی.

پیپی آخوند دیگان کچیك بر کمرسه بار ایردی. اول همیشه خوش یورور ایردی و انی بی آرام قیلادورغان نرسه یوق ایردی. بر کون تماشا قیلغالی جنگلغه چیقتی. اول یرده خوش کونکل برله تولا غزل اوقودی. ایسّیقدا اوساب قالیب بر بولاققه کاییب سو ایچکالی توردی. لیکن اوزنی سوغه اینکیشکاندا ایکی یوغان قولدین توتولدی. اندینکدین یوز مرتبه چونك بر دیو اوزنی یاشوروب انکا ماراب توروب توتوب دور. بیچاره پیپی آخوندنی الیب بر سبدکا سالدی. هر قانچه یغلاسه انی قویوب برمای اویکا الیب باردی.

دیو اویکا کیرکاندا ایشیك نی ایتیب قویوب پیپی آخوندنی سبددین چیقاریب الدی. اول بیچاره قایلاسه بر سیخدا ایکی اداشلاری نینك قورولغان کوشتی نی کوروب نهایت قورقوب کتتی. دیو انی اولتورمای بر یرده سولاب قویدی. انکا سو بیلان نان بردی؛ امّا پیپی آخوندنینك یکوسی کلمادی. تولا انسراب بی آرام ایردی.

ایرتەسی دیو ینه کالدی. هیچ نرسه یما کانی نی کورسه اغزیغه نان تیقیب یکالی زورلادی امّا بیچاره پیپی آخوند قورقونجدین هیچ نرسه یوتالمادی.

ینه بر کون دیو انی قرانکغو بر یرده سولاب قویدی. اول یرده پیپی آخوند اوز اویی نی انا داداسی و توقّانلارینی و یکان غزانی یادیغه کالتوردی. مونی یاد قیلغاندا چیدامای یغلاب زینداندین چیققالی تولا حرکت قیلدی.

ایرتەسی دیو ینه کلیب پیپی آخوندنی خوش بولغالی و بالدورقی دیك غزل اوقوغالی بیوردی لیکن پیپی آخوند بیچاره اوقویالمادی و قورقونجدین کونکلی نی توختاتالمادی. آخری دیو نینك اچیغی کالدی. اوقوغالی زورلایمن دیب انی قوللاریغه الیب بر سیقیب الدی. شو نینکدین پیپی آخوند بر فریاد بیلان جان بردی.

بو چوچك راست بر واقعه دور شونداغ که پیپی آخوند بر قوچقاچ و دیو بر یمان بلا ایردی.

## ۲۰ اولارسانالغان دورلار

بر اویده مریم عثمان دیب بر توقّان ایکی کچیك بلا

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

اویناشیب توردی. اناسی بر سبد آرموت اویکا الیب کیریب قویوب کتی. عثمان سبدکا باریب قایلاب آرموتنی کوردی. بو تاتلیق آرموت ایکان برینی الیب یی دیب ایتی. مریم المانك انامیزدین سورایلی دیب چچانیدین تارتیب توستی عثمان: برینی الای انام اولارنی ساناماب دور؛ برینی السام بیلمایدور دیب مریمنی سیلکیب اتّی.

امّا خدا ساناغان دور دیب مریم جواب بردی. عثمان: راست مونی اویلاماب دورمن. انام کیرکونچه توختاب تورای ایماسه دیب قویدی.

## ۲۱ قراقولنینك واقعه‌لاری.

قاسم دیب بر اوغول بلا بار ایردی. قوللاری همیشه پاسکنه تمام قرا بولغانی اوچون قراقول اتاندی.

موشوك بوساغه‌دا اولتوروب وای قانداغ پاسکنه قول دیب باشینی لینکشاتیب پنجه‌سینی یالاب پاکیزه قیلدی.

بر کون قاسم همسایه‌سی‌نینك قیزی زورا خانغه اوچرادی. قاسم: نه یرکا باراسیز دیب سوردی. موشو جنستهٔنی ساراخان

حاجیمغه الیب چیقیب برای دیب زورا خان ایتی. من برله بارسام بولامدور دیب قاسم سوردی. زورا اختیار ینکیز دیب جواب بردی

سارا خان حاجیم بلالارنینک میوه برله کلگانی نی کوروب خوش بولدی. سیز جنستهنی منکا ایلغاب برسانکیز سیزکا چای قاینتیب برای دیب ایتی. زوراخان معقول بو بردمده طیّار بولادور دیب میوهنی ایلغاغالی توردی. حاجیم چای نی قاینتیب توروب بلالارغه پات پات قایلادی. قاسم نینک قرا قوللارینی جنسته اوستیده کورکانده: هوی قاسم سن قوللارینکنی ایریغلاسانک بولور ایردی. منا سو، قولونکنی اوّل یوب اندین زوراخانغه یاری برینک دیب ابریقنی تانکلادی. اما قاسم: حاجیم اوزینی چونک توتادور دیب خفه بولوب چای ایچمای زورا بیلان میوهنی تاشلاب قاچیب کتی. ایمدی لطیفه خانیم نینک حویلی سیغه بارای اول یرده توی باراییمش دیب کتّی.

اول یرکا بارغاندا لطیفه خانیم اوزی پش‌ایوانغه چیقیب قاسمنی کوردی. قاسم قوللارینی ینکیکا تیقیب سلام دیدی. قوللارینکیز تونکامدور یاز ایماسمو دیب قاسمغه نان الیب چیقیب برکالی اویکا کیریب کتی. لطیفه خانیم یانیب چیققاندا

ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى
www.uyghurkitap.com
www.ewlat.org
ئەۋلاد گۇرۇپپىسى

قاسم نان‌نی الغالی قول‌لارینی اوزاتّی. وای قانداغ قول‌لار بو دیب لطیفه خانیم بر کولوب سالدی. مهمانلاری اینینك کولکانی‌نی انکلاب تاشقاری چیقتی بو اوغول بلانینك اتی نمه دور دیب بری سوردی. بو اوستانك بویلیق قرا قول دیکان بلا دور دیب بولك بر کشی جواب بردی اندین همه‌سی: هوی قرا قول هوی قرا قول دیب تاوالاشیب کولدیلار. قاسم نان‌نی المای اول یردین هم قاچیب کتّی. کتیب بارغاندا جانورلار هم زانکلا قیلیب کولوشوب تورغاندیك انکا کوروندی قارغه: قارغ قارغ دیب قچقیردی؛ کاك کوك: کاك کو کاك کو دیب قچقیردی همه‌دین یمانی قرا قوچقاچ ایردی. اوزونکیزنی یومامسیز اوزونکیزنی یومامسیز دیب‌سارادی. قاسم یغلاب قرا قول‌لاری بیلان یاشلارینی ایتکانده یوزی تمام قرا بولوب قالدی.

قایلاسه زوراخان یانیب کلیب یاتادور. ایمدی شونی قورقاتای دیب بر اریقدا بو کوب اولتوردی. زوراخان اوتوب بارغاندا قاسم بعو بعو سیزنی توتوب الای دیب واقیرادی. زوراخان قورقوب قاچیب تورغاندا قاسم تورت پوتلوق بولوب اورمالاب انی قوغلاب توتوب الدی. زوراخان وای جان دیب بك قچقیرغاندا

قاسم قورقوب: زورا خان شوك بولونك من ايماس مو ديب تيندوروب باقتی امّا زورا خان يوزی نينك قرالیقی نی كوركانده ينه قورقوب قرا قول بيلان هر كيز اوينامايمن ديب اويكا قاچيب كيتی. قاسم كونكليده تولا خجالت بولوب يولدا قالدی.

نمازشامدا زورا اويناب يوركانده اوستانك بوييدا بر بلا نينك ياتقانی نی كوروب كيم ديب اول يركا بارسه قاسم ايكانی نی كوردی. قاسم ديب چقيرسه اول جواب برمای دوم ياتيب يوزينی ياشوردی. زورا اينينك قاشيدا اولتوروب قاسم ديب ينه بر چقيرسه اول باشی نی آهسته كوتاريب قايلادی. زورا خان قول يوزينی كوروب: منا نمه بولوب دور قول يوزونكيزنی يوب سيز غو ديب اوستانككا يقيلغوديك حيران بولدی.

## ۲۲ ايت نينك بيانی.

ير يوزيده آدم نه يرده اولتورسه ايت باردور. ايت تولا طريقه‌دا آدمغه خذمت قيلادور. ايكاسی نينك همراهی بولادور مالی اويی و حويلی سی نی ساقلايدور. بعضی يورت‌لاردا پاته‌چيغه ياردم بريب پاته‌نی ساقلايدور. چونك ايت‌لار كچيك عرابه‌لارغه

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قاپیلیب آط خذمتی نی قیلادور. آوچیغه یاردم بریب آونی تاپادور. بعضی ایت‌لار کورنی یوتالایدور و اغزیدا خط توشویدورغان ایت‌لار هم بار. واقعه بولغان دورکه سوغه توشوب کتکان اوشاق بلالارنی قوروققه تارتیب قوتقازیب دور. جنککلدا یولدین ازیقیب کتکان آدم‌نی بوراب ایستاب تاپیب یولغه باشلاب بارادور.

ایت بوری و تولکی بر جنسدین دور. تولا قسم ایت‌لار بار ایکان. بعضی‌سی موشوکدین کچیک بعضی‌سی موزایدیک چونک دورلار. بعضی ایت‌لارنینک باشی کچیک و کومشاری ینکیچکا دور باشقه‌سی‌نینک باشی یمولاق و کومشاری توخماغراق دور. بعضی ایت‌لارنینک قولاقی قیسقه بولوب تیک تورادور باشقه‌سی‌نینک قولاقی اوزون بولوب سانکولاب تورادور. بعضی ایت‌لارنینک توکی قیسقه و یریك دور باشقه سی‌نینک اوزون و یومشاق دور.

ایت‌نینک هر الدی پوتیدا بش تیرناقی بار دور. هر ارقا پوتیدا تورت تیرناقی و پوتی‌نینک ارقاسیدا یوقاریراق شاقشاق دیکان باش بارماقی بار دور. تیرناق‌لارنی پنجه‌سیکا کیر کوزالمایدور. اینینك اوچون تیرناق‌لاری کحال دورلار.

تیشلاری باشقه یرتقو حیوانلارنینک کی دیك دور. بوراق قوّتی ایتّیك دور. بوراماق بیلان ایکاسی نی یا انینك مالی نی یا آونی ایستاب تاپالایدور. ایت عقل لیق بر جانور دور. خوش بولسه سکراماك بیلان یا قویروقی نی شپینکشیتماق بیلان یا قاواماق بیلان خوشلوقی نی کورساتادور. اچیغی کلسه خیرقراب تیشلارینی کورساتیب ایتّیك قاوایدور. خفه لیق قیلسه شونی بیلادور. ایکاسیکا خفه لیق قیلغان بولسه اویاتیب انینك اياغیغه اورمالاب کلیب کوزلاری بیلان انینکدین عفو تیلایدور. بلالار انکا یخشیلیق قیلسه اولار بیلان اوبدان اداش بولادور.

## ۲۳ ایت حکایه‌سی.

بر آدم‌نینك تولا هوشیار بر ایتی بار ایردی. هر کون ایکاسی انکا نان الیب عماك اوچون اون پل‌لوق بر تین‌نی بردی ایت تین‌نی تیشلاب دوکانغه باریب نانبایغه تین‌نی بریب اوزیکا بر نان الیب یر ایردی. بر کون نانبای اویناشیب تنوردین ینکی چیققان ناندین برینی انکا بردی. ایت قزیق نان‌نی تیشلاب تاشلادی. اندین تیوانکیکا چیقیب تین‌نی الیب باشقه نانبایغه

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

باردی. اول نانبای انکا اغزی کویا کودیك بر نان بردی. اول کوندین تارتیب خفه قیلغان نانبای نینك دوکانیغه ینه بارغالی اونامادی.

## ٢٤ حیوان ازاری نینك حکایه‌سی.

نیاز آخوند دیکان اون تورت یاشار بر بلا بر ایرته‌کان اکاسیغه ایتی که بو کیچه قرا منی یمان باسیب الدی. توش کوروب ایشالك بولغان ایمیشمن. بر کشی کونده منکا توپه آرتیب توشور توب تورار ایردی. اوبدان خبر الماغان اوچون اوچام هم یاغیر بولوب قالغان ایمیش. بر کون اول آدم بازارغه بغدای الیب باریب ساتای دیب منکا اون تورت چارکایك بر تغار بغدای نی آرتیب یولغه هیداب یورکان ایردی. یولدا من هاریب قالیب ایتیك مانکالماسام منی یمان تیلیده تیلاب کالتك بیلان پارچاقیم غه اوروب جوالدوز بیلان سانجیدی. بعضیدا تغارنینك توپه‌سیکا چیقیب مینار ایمیش. مونینك برله تولا جبر تارتیم، لیکن دردیم قانچه چونك بولغانی برله کب قیلالمادیم. آخری مانکالمای یقیلیب توشسام اول آدم منی اولتور کودیك تپیب اورار ایمیش. اول وقت من

اول وقت من اویغانیب کتیم. خدایم منی ایشاك قیلماغانیغه شکر قیلدیم.

ینه بر اوخلاب توشادیم که من بر اسلان بولغان ایمیشمن. من بر وقتغچه موشوك انام بیلان یوروب خوشلوق قیلغان ایکان من. بر کون بر اوغول بلا بو اسلان نی باقماغیز دیب موشوك انام نی بر اویکا سولاب قویوب منی توتوب بر چولکا الیب باریب تاشلاب ایمیش. اول چولده من یالغوز قالغان ایکان من. کوندوزی اورمالاب یوروب افتاب ایسیغلیقیدین اوساب اچ قالیب جبر تارتار ایردیم. کیچه سی یمان تونکوب یورار ایردیم. اوچ تورت کون شونداغ تورغاندین کین جانیم چیقودیك بولغاندا بر قارغه کلیب کوزوم نی چوقوغالی توردی. من قورقوب اویغانیب کتیم. خدایم منی اسلان قیلماغانیغه شکر ایتیم.

ینه بر اوخلاسام احوالیم تخی یمان بولوب کتی. توشومده منا من توخی بولغان ایمیشمن. صحرادا بر حویلیدا چوجه اداشلاریم بیلان چونك بولوب خوش یورکان ایمیشمن. بر کون ایکام منی و توخی اداشلاریم دین ینه توقوزنی الیب طنابدا پوتلاریمیزنی چیکیب قویدی. اندین بیزنی بر ایشاککا باش توبن پوت یوقاری قیلیب اسیب قویوب یولغه چیقتی. اول کون تولا ایسیق ایردی.

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

باش توبن تورغانیمیز برله جبر عیز تولا بولدی. مانکغان ساری جبر عیز تخی زیاده بولوب کتّی. بر طرفدین پوتلاریمیزنینک، تره‌سی سو یولوب اچیشیب ایکان بر طرفدین باشیمیز توبن تو روب اغریدی هم اوسّاب قالدوق. اول کون هم کیچه‌سی بیلان تانکاتقونچه یولدا ایردوك. سحردا بر شهرکا یتیب بیزنی بر سرایغه توشورکانده هیچ احوالیمیز یوق ایردی. بر عیز هم یولدا اولکان اعیش. ایکامیز آزغنه آرام الیب تورغاندین کین بازارغه الیب باریب ساتای دیب بیزنی کوتارکانده اویغانیب کتّیم. آدم ایکانیم‌نی کوروب تولا خوش بولدوم. هیچ وقت موندا‌غ عمان توش کورکان اعاس من.

نیاز آخوندنینک اکاسی انکا ایتی‌که بو توشلار برله خدایم حیوان‌نینک آدملاردین تارتقان جبرینی سیزکا کورساتیب ایکان که سیز موندین کین بر جانورنی قینا‌ماغایسیز و هم آزار برماکایسیز. بولتور اوچ اسلان‌نی چولکا اپاریب تاشلادینکیز اعاس مو، و تخی تونه کون بو ایکی کوچوك‌نی تاشلاب اتامن دیعادینکیز مو؟ ای اوکام هر کیز انداغ قیلماغایسیز. بر حیوان‌نی باقماعن دیسانکیز انی چولکا تاشلاب اتماقدین قیناماي اولتورماك یخشی دور. بو

يورت نينك آدم لاری حیوانغه تولا آزار برادور ایکان. بعضی سی ایت قوچقار خوراز ککلیك و باشقه حیوانلارنی سوقاشتوروب تماشا قیلادور ایکان. انداغ ایشلار تولا یمان دور چونکه مونینك برله بیچاره حیوانلارغه تولا اول بولادور. شونداغ ایشلار اوچون خدانینك غضبی آدمغه کلادور دیب اکاسی نیاز آخوندغه بو نصیحت لارنی قیلدی. نیاز آخوند ایتی که حیوانلار نینك جبرینی من اوزوم بیلکاندین کین ینه هر گیز بر حیوان نی قینامایمن.

## ٢٥ حیوان نی تریکتورکان نینك سزاسی.

اوتکان زماندا مریم و سارا دیکان ایکی همشیره بلا بار ایردی. مریم ینه و سارا سکز یاشقه کیرکان ایردی. اتا اناسی نینك چونك بر اینی و آق چرایلیق بر موشوکی بار ایردی. اولار بر بری برله اویناقلاشور ایردیلار. موشوك قیش وقتیدا تونکاب قالغاندا ایت نینك قاشیغه کیریب ایسّیق یاتار ایردی. مریم ایت غه و موشوککا تولا امراق بولوب اولار برله تولا اوینار ایردی. اولارغه هیچ خفه لیق قیلمای پات پات ایت غه قند و موشوککا سوت ارتوروب برور ایردی. افتابدا یاتقاندا اولارنی دبساماقدین احتیاط قیلور ایردی. اولار هم مریمکا تولا امراق ایردیلار. اول هر یرکا بارسه ایت برله بارور ایردی و هر قچقیرغانیدا یوکوروب کلور ایردی. مریم اویکا کلکانده اول سکراب اویناقلاب خوشلوقیدین قاوار ایردی.

ئەۋلادشۇناس
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

سارانینک اولارغه خوشی یوق پات پات خفه سالور ایردی. بر کون موشوک بر کورپه‌نینک توپه‌سیده اوخلاب یاتسه کورپه‌نی اوروب اتّی موشوک شونینکدین اویغانیب قورقوب بر سکراب قاچیب کتکانده سارا خوش بولوب کولدی. ینه بر کون ایت‌غه سو توکوب یاتقان یریدین انی قوپاریب اتّی بعضیدا انی زانکلا قیلماق اوچون انکا بر سونکاکنی تانکلاب ایت الغالی کلکانده انی تام‌دین آشوروب تاشلاب آتّی. انینک اوچون ایت ساراغه ایرکاشیب اویناقلاغالی اوناماس ایردی. هر قاچچه انی قچقیرسه میدیرلامای شوک یاتار ایردی.

اتا اناسی‌نینک باغیدا چونک چوقور بر کول بار ایردی. بلالاریمیز سوغه توشوب کتماسون دیب چوره‌سیده زازه ایتیب قویغان ایردی. انینک بر ایشیکی بار ایردی. باغبان کُلغه سو الیب قویغالی کیره‌ماسه اول ایشیک ایتیکلیک تورور ایردی.

باغبان برکون باغداکی همه کُللارنی سوغارغالی کولدین سو توشوب تورغاندا ایشیک‌نی اوچوق قویوب اویکا چای ایچکالی کیردی. سارا ایشیک‌نینک اوچوق تورغانی‌نی کوروب موشوک‌نی الیب سوغه توشورای دیب کول‌نینک لبیکا چیقیب سوغه تاشلادی. لیکن موشوک‌نی کولکا تاشلاب اتقاندا لایغه تیلاب اوزی هم یقیلیب توشتی. کول‌نینک یانیدا اوزون شاخی بار چونک بر سوکت بار ایردی. سارا انینک بر شاخی‌نی توتوب الیب: وای جان‌وای جان دیب واقیراب توردی. لیکن اپه چوریده آدم یوق ایردی. ایت سارانینک واقیراغانی‌نی انکلاب دوشمنی‌نینک آوازینی تونوب میدیرلامای یاتّی.

موشوک سودین چیقیب اویکا کیردی. مریم انی کوروب افتابدا قوروسون دیب باغقه الیب باردی. اویدین چیقسه اچاسی‌نینک واقیراغانی‌نی انکلاب حاضر ایت‌نی قچقیریب کول طرفیکا یوکوردی. ایت بیلان کول لبیکا باریب اچاسی‌نینک شو احوالی‌نی کورکانده انی

سودین چیقارغالی ایت‌نی بیوردی. ایت حاضر کیریب سارانی کونکلا کیدین تیشلاب تارتیب قورو‌قه چیقاریب قویدی.
بو واقعه‌دین کین سارا ایت موشوك‌نی تریکتورمای اولارغه تولا امراق بولدی. اولار انکاهم امراق بولوب قورقمای انکا ایرکاشیب اویناقلار ایردیلار.

## ۲۶ تمثیل سوزلار.

اکیلکان باشنی قلیچ کسماس.

پاقا بر سکرایدور ایکی سکرایدور اوچونجی اوراغه توشار.

قزایدینکغه نه سالسانك چوموچکا شو چیقار.

کیم چپان‌نی ینکی کیسه دورغه بیك‌نینك اوغلی شو
کیم چپان‌نی کهنه کیسه تام‌نی تشکان اوغری شو.

آچ مالیم بار مالیم     توق مالیم یوق مالیم.

## ۲۷ قوی‌نینك بیانی.

قوی فائده‌لیق یخشی بر حیوان ایکان. انینك توکی‌نی یونك‌دیرلار. یونکی‌نینك رنکی بعضی آق بعضی سریق اقیش بعضی کوکیش بعضی بوز و بعضی قرا بولادور. بعضی قوی هم الا بولادور. قوی‌نینك ایرککی‌نی قوچقار دیرلار. انینك باشیدا ایکی یورکام‌لیك مونکوزی بار. تیشی‌سی‌نی ساغلیق و بلاسی‌نی قوزی دیرلار. پوت‌لاری قاپلاغلیق آچا تواق.

ئۇلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

دور. قوی یکاندین کین کوشایدور. بو شونداغ بولادورکه اوت یمنی بر
چایناب یوتکاندین کین قورساقیدین اغزیغه یاندوروب ایکنجی مرتبه
چایناب یوتادور. انینک یماکی اوت غزانک پچان بیده سمان بوغاز
قاوغون شاپاق و شونداغ نرسه‌لار دور.

قوی یواش قورقونچاق بر حیوان دور. غیری کشی یقین کلسه و
یا ایت یا موشوک و یا باشقه شونداغ بر نرسه پیدا بولسه همه‌سی
قورقوب بر یرکا یوغلاشیب توررولار. قوچقار بعضیدا اوزینی جرئتلیک
کورساتیب الدیغه چیقیب اول عجایب نرسه‌کا کوز تیکیب تورادور. امّا
موشوک انینک طرفیکا بر سکراسه و یا قولونک بیلان بر چواک اورسانک
حاضر یانیب قاچادور. اول وقت تمام پاته جانی اوچون قاچقاندیک
انکا ایرکاشیب قاچادور.

ایرته یازدا وکوزده قوی‌لارنی قیرقادورلار. یونکیدین کیکیز وپایپاق
قیلورلار و یا ییپ ایکریب هر قسم یخشی ماهوت یونک چکمن و باشقه
باشقه ایکینکا لازم بولادورغان نرسه‌لارنی توقورلار. وهم بولک طریقه‌لاردا
قوی بیزکا فائده‌لیق دور: سوتی‌نی ایچامیز کوشت یاغی‌نی ییمیز و
اوچای‌لاریدین نغمه‌لارغه هر قسم لازم بولادورغان تارلارنی یاسایدور
لار. تره‌سیدین قریم و میشه قیلورلار. تولالار یونک‌نی المای آشلاب
انینکدین جوبه توماق قیلورلار.

## ۲۸ هوشیار قوی‌نینک حکایه‌سی.

بر آدم بر جنکلدین اوتوب بارسه اندا بر قوی اوچرادی.
انینک الدیغه کلیب تمراب یول‌نی توسقالی توردی. اول آدم اوتوب
بارای دیب تورسه قوی نهایت انسزلیک بر له انکا قایلاب نحی

زیاده ئرادی. مونینك بر خیالی بار اوخشایدور دیب اطدین توشتی. قوی حاضر انینك الدیدین یوکوروب بر جلغه‌غه باشلاب باریب اندا توختاب یننه ئراکالی توردی. اول آدم قایلاب باقسه جلغه‌نینك ایچیده ایکی تاش‌نینك ارالیقیدا کچیك بر قوزی ساپیلیب قالغان ایکان. بو آدم رحم قیلیب سوغه کیریب بیچاره جانورنی اجراتیب الیب اناسی‌نینك قاشیدا قویدی. اول وقت بو هوشیار قوی بو کوروب سکراکانی برله اوز خوشلوقی‌نی کورساتی.

## ۲۹ اچکونینك بیانی.

اچکوقویغه اوخشاش بر حیوان دور. توکی قوی نینك یونکیدین یریکراك دور. انی چوپور دیدورلار. اینکاکیده اوزون سقالی باردور. پوتلاریدا بردین اچا تواقلاری و باشیدا ایکی اوزون مونکوزی بار. ایرککی‌نی تاکا تیشی‌سی‌نی اچکو و بلاسی‌نی اوغلاق دیبدورلار. اچکوقویغه اوخشاش کوشایدور. یماکی پچان اوت یاپرماق و انداغ نرسه‌دور لیکن جریم کوچت قوبوزاقی‌نی هم غاجاب ییدور. مونینك بیلان درختغه چونك زیان قیلادور. قوبوزاقی سویولسه درخت قوروب قالادور. اچکو توزغه تولا امراق. انینك اوچون توز برکان کشی‌نینك کینیدین ایرکاشادور.

اچکو شفشك اویانچی و کفسز بر حیوان‌دور. بویان اول یانغه کتیب یوروب بعضیدا بر تامغه و بعضیدا بر اوکزه‌کا چیقیب الادور. بعضیدا کینی پوتلاری بیلان اوری توروب درختدین یاپرماق الیب ییدور. تاغلاردا یورکالی تولا خوشی بار. اندا چونك تاشلار اوستیکا

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

چیقیب یورروب اوینایدور. ادم اصلا مانکالمایدورغان یرلارکا هم چیقیب یورروب اوتلایدور.

سنکا بر تاکا اوچراغان مو؟ سکراب سنکا باشی‌نی لنکشاتیب الیب الدی پوت‌لاری برله یرنی تپتی مو؟ و یا مونکوزی بیلان سنی بر اوسوب یقیتیب اتّی مکی؟ بعضیدا اویناب شونداغ قیلادور ایکان. ینه بر تاکاکا اوچراسه حاضر ایکولان کوچلارینی سیناشیب باقادور. تازا اوسوشادور ایکان. تیشی و اوغلاق یواشراق دور. اولار سکراب یورروب بر بری بیلان اویناقلاشادور.

اچکو تولا هوشیار بر حیوان‌دور. بلالار ازار برمای اویناسه اولار بیلان یورکالی امراق بولادور. اچکو ایکاسیکا تولا فائده‌لیق دور. غزانک چامغورشوپوکی و شونداغ نرسه‌لارکا قناعت قیلادور و هم خیلی اوبدان سوت برادور. قری اچکونینک کوشتی‌نی یکالی بولادور لیکن انچه مزه لیک ایماس‌دور. امّا اوغلاق کوشتی مزه‌لیک‌دور. تره‌سی‌نی قریم و چوپورینی ارغامچی قیلادور. لیکن چوپورنینک تکیداکی یومشاق تبیت‌نی ایلغاب الیب تولا پُلغه ساتادور. انینکدین شال ریب یومشاق نفیس کیم‌لار توقویدورلار. مونکوزیدین توکمه تسبیح دانه‌لار دوّت و انداغ نرسه‌لار قیلادور.

## ۳۰ ایکی اچکونینک حکایه‌سی.

جنکلدا پاته‌لار اوتلاغان یریده چوقور بر اوستانک بار ایردی. پاته‌چی بلالار سو اولوغ بولغاندا اول اوستانک اوستیکا قویغان بر تال یغاچدین ترسلیک برله اوتار ایردیلار. بر کون بر اچکو اول بر تال یغا چلیق کوپروکدین اوتکالی توردی. امّا اول حالدا ینه بر اچکو اول بر طرفدین هم شول کوپروککا کیردی. کوپروک‌نینک یاریمیغه کلکانده

دوقوشوب بر بریدین اوتالمای توروب قالدیلار. ارقاغه یانالمادیلار و تکیدە سو شارقاراب توردی. پاتەچی بلالار مونی کوروب قورقوب کتّیلار. اولار هیچ علاج نی تاپالمای تورغاندا کوردیلارکە بر اچکو کوپروک نینک اوستیدە آهستە آهستە یاتیب الدی. بو اوبدان شوك یاتقاندین کین ینە بری انینکدین سکراب سلامت اوتّی. پاتەچی بلالار خوش بولوب اینیشتیلارکە اول یاتقان اچکو راست هوشیار حیوان ایکان و سکراب اوتکان راست جرئتلیك بر اچکو ایکان.

## ۳۱ یالغانچیلیك نینك سزاسی.

اعین آخوند دیب بر پاتەچی بلا بار ایردی. اول کنت کا یقین بر جنکلدا کنت نینك بارچە قوی لارینی باقار ایردی.

اول جنکلدا بعضی وقت بوری پیدا بولور ایردی. بر کون کنت نینك خلقی جنکلدین: بوری کلدی بوری کلدی دیب تاوالاغان نی انکلادیلار. کنت نینك آدم لاری پاتەچیغە یاری برماك اوچون میلتیق الیب جنکلغە یوکوردیلار. یتیب بارغاندا هم پاتەچی هم قوی لار نینك تنچ تورغانی نی کوردیلار؛ امّا بوری یوق ایردی. اولار خفە بولوب کنت کا یانیب کتّیلار. اعین آخوند پات پات شونداغ یالغان کپ لار بیلان کشیلارنی پیتورور ایردی.

ینە بر کون: بوری کلدی بوری کلدی دیب اوخشاش تاوالاماق نی جنکلدین انکلادیلار. امّا: پاتەچی بلا ینە بیرنی

پنتور کالی قوپوب دور دیب بو قتیم هیچ کیم یاری بر کالی بارمادی.
لیکن بو وقت بوری نینك کالکانی راست ایردی. قوی‌لار هر
طرفکا قاچتیلار و ایمین آخوند قورقوب آدم‌لاردین یاری تاپقالی
کنت‌کا یوکوروب باردی. کشیلار جنکالغه یتیب بارسه بوری
قوی‌لارنینك تولاسی‌نی اولتورکانی‌نی کوردیلار. همه‌سی ایمین
آخونددین خفه بولوب: مونی کوروب ینه بیزنی کول‌لاب یالغان
چقیرامسن دیب انکا قاتیق جزا بردیلار. یالغانچی راست کب
قیلسه هم خلق اینینك سوزیکا اعتبار قیلیب چونپوتماس ایردی.

## ۳۲ کپیله برله چوملهٔ‌نینك حکایه‌سی.

بر یازکونیده افتاب‌نینك ایسّیغلیقیغه و کُل‌لارنینك چرایلیغلیقیغه
بر کپیله خوش بولوب بو یانغه اول یانغه اوچوب یورار ایردی. قنات
لاری الا بولا بولغاچ اوزی بر کُلدیك چرایلیق ایردی. اول کونده بر
چومله چونك مشققت برله اغیر بر دان‌نی تارتیب یورار ایردی. کپیله
مونی کورکانده چومله‌کا ایتی که ای دوستوم نمه ایشقه موندااغ اغیر ایش‌نی
قیلیب یورور سن ؟ منديك افتاب و کُل‌لارنینك تماشاسی‌نی قیلساڭ
یخشیراق ایماس‌مو؟ چومله جواب بردی که منینك اویومده بلالاریم بار.
هم اولار اوچون هم اوزومکا ایش قیلورمن. یاز وقتدا ایشلاماسام قیش‌نینك
سوغاقیدا آچ قالیب موزلاب اولوب کتارمیز. کپیله باشی‌نی بر قاشلاب
ایتی که البتّه من هم کینراك ایش قیلیب قیش وقتی اوچون خیلی دولت‌نی

بیغامن امّا ایمدی خوش کونلاریم‌نی ترس ایش بیلان بوزمایمن.
قیش وتنغچه تلخی اوزاق ایکان دیب اوچّوب کتتی.

بر نچه کون اوتکاندین کین سوغاق بولدی. اول وقت چومله بلالاری بیلان اویکا کیریب ایسّیق یاتّی. کپیله‌نینک قنات‌لاری سوغاقدین قاتیب قالیب بالدورقی‌دیک کوتارالمادیلار. کُل‌لار سولا شیب کتکانده عسلی‌نی کپیله‌کا برمادیلار. انینک برله کپیله آچ قالدی. شو احوالیدا چومله‌نینک اوییکا اورمالاب باریب یغلاب ایتی‌که ای دوستوم هم تونکدوم هم آچ قالدیم منکا رحم قیلسه‌لار. چومله اوزونک دوبه‌لاکان دولتینک‌نی خرجلاب یسانک بولمامدور دیب جواب بردی. کپیله یغلاب ایتی‌که تماشا منکا شونداغ عادت بولوب کتّی‌که هیچ ایش قیلغوم کلمادی. اول وقت چومله ایتی: ای دوستوم ایچیم سنکا اغریدی. امّا یاراتقوچی‌نینک یولی شونداغ دورکه بر کمرسه ایش قیلماق‌نی خواهلاماسه نان هم یمایدور دیب بیچاره کپیله‌نی یولغه سالدی.

## ۳۳ یل بیک‌نینک بلالاری.

یل بیک دیکان اقسقال برکمرسه بار ایمیش. اول شونداغ قری بر نرسه که آدم وقت‌نی حساب قیلیب تورغان زمانه‌دین تارتیب بو کونغچه عمر کوروب دور. انینک تورت بلاسی بار. ایکی‌سی قیز ایکی‌سی اوغول ایمیش. بولار داداسی برله همیشه یورکانی بیلان هر بری باشقه باشقه یورادور. بری بر یرکا کلسه اول یرده بالدور تورغان باشقه طرفکا حاضر چیقیب کتادور. داداسیغه اوبدان خذمت قیلغانی اوچون شونداغ قیلورلار بر برینی یمان کورکانی اوچون ایماس. داداسی نهایت قریب کتکانی برله بلالاری همیشه یاش و چرایلیق توروب دورلار. همه آدم‌لارغه برابر تولا یخشی خذمت‌لارنی قیلادورلار و اوشاق بلالار برله اوینا‌غالی نهایت یخشی کورادورلار.

ئېلىپ كېتىلدى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بر قیزنینک اتی ایرته‌یاز خانیم دور. بعضی کشیلار انی بهار بی‌بی هم دیرلار. اول تولا چرایلیق بر قیز بلا ایکان. کیکان چپانی کوک و یشیل دور و چیکه‌سیکا رنکا رنک کُل چیچک‌لاری قیسیب ایکان. هر یل بر کلیب قاشیمیزدا ایکی اوچ آی توروب اوز برکتی‌نی آدم‌لارغه کنکرو چیلیک بیلان ساچیب برادور. کلادورغان وقتدا انینکدین ایلکاری تورغان اوکاسی برله کوروشوب بر مونچه اوینایدور. بو ایکولان شوندا‌غ قزیق اوینایدورکه هوا شمال بولوب کتادور. اوشاق بلالار مونی کورکانده تولا خوش بولوب لک‌لک اتلانغوچاک چوکان‌سیک‌لک کیّه شاقیرام حاشی قپاق و باشقه هر قسم رنکا رنک لک‌لک‌لارنی راستلاب اوچورغالی توراددورلار. تاغدین اوتکانده ایرته یاز خانیم اندا بار قار و موزغه بر ایسّیق پورایدور. انینک بیلان بولار ایریب سو بولوب دریا اوستانک‌لارکا کیریب هر طرفکا اقیب کتیب بارادور. اندین ایرته یاز خانیم بلالارنی قچقیریب: کوک ترکالی چیقینک‌لار دیب ایتادور. اولار چیقّاندا کورورلارکه ایرته‌یاز خانیم‌نینک پوت‌لاری هر دبساکان یری کوکلاب دور. اول عجب قیز بلا نه یردین اوتسه درخت کیاه‌لارنی سویادور. اولار بو چاقغیچه اوخلاب دورلار امّا بو سویوشی بیلان اویغانیب چیچکلاب کوکلاکالی باشلایدورلار. سوکت اول سویما کیدین انداغ خوش بولورکه همه شاخلاری‌نینک قوبوزاقی بوشایدور. اول وقت بلالار چیقیب ایسغیت پی‌پی بالامان یاساب اوینایدورلار. قارلوغاچ سوندوک تورغای سوفی‌یانک و قسم قسم باشقه سوغاقدین قاچیب ایسّیغراق یورت‌لارغه کتیب بارغان او چارلیق‌لار ایرته یاز خانیم برله همراه بولوب یانیب کلورلار اولار انینک اوسول اویناشیغه ساراب نغمه جالیشیب برادورلار. اول خانیم‌نینک افتاب برله خیلی دوست اغاینیچیلقی بار. انینک واچون افتاب توشوب هر یرده تام‌لارنی ایسیتیب قویّادور. اول وقت سوغاقدا تونکوب یورکان آدم‌لار قالین چپان جوبه‌نی سالیب افتاب سینیب

اولتوروب ایرته یاز خانیم نینک دولتیکا خوش بولورلار آخردا سوئی یرنی هوانی اوت کیاه لارنی و آدم لارنی انینک آچاسی نی قبول قیلیشقه راستلاب بولوب ایرته یاز خانیم ینه بر یلغیچه خوشلاشیب کتادور.

یل بیک نینک چونک قیزی حدسز چرایلیق بر چوکان ایکان میش. انینک اتی یاز خانیم دور امّا بعضیلار انی تابستان بی بی هم دیرلار. سنکلی باشلاب طیّار قیلالماغان ایشلارنی اول توتوب الادور. افتاب بیلان سنکلیدین تکی یخشیراق دوست ایکان. انینک اوچون شونداغ ایسّیق بولادورکه آدم لار همه پاختەلیق ایکینی نی تاشلاب نفیس کونکلاک لار بیلان یوروورلار. تولا بلالار تمام یلانکغاچ هم یورادورلار. یاز خانیم تاغلارنینک قار و موزیغه شونداغ ایسّیق بر یَل پورایدورکه دریا اوستانک لار سودین تولورلار. سو اولوغ بولوب بعضی یرلارده توغلارنی سوروب کوپروک لارنی الیب کتادور. اول وقت اوشاق بلالار ایسّیق قوم نینک ایچیده اویناب پات پات سوغه توشوب غولاچ ایتیب سو اوزادورلار. یاز خانیم نه یردین اوتسه دبسا کان یرده اوت کیاه لار ایکیز اوسارلار بیده چیچکلایدور واشلیق پشادور. سنکلیدیک بو هم درخت کیاه لارنی سویادور. انینک سویوشی نی تموز دیرلار. اول وقت قزیل کُل اچیلور درخت لارنینک میوه سی پشادور. اوّل اوجمه نی سویادور. اندین اوروک جنسته کیلاس نینک نوبتی بولادور. امّا تولا بلالار بو خانیم نینک برکان چونک برکتی نی کوتارالمایدورلار. اولار اوجمه اوروک المه شاپتول قاوغون تاربوزنی جیق یب کسل بولورلار. قوناق پشا دورغان وقتی یقین کلکانده یاز خانیم باشقه طرفکا کوچوب کتادور. اورنیغه اکاسی کلیب تاشلاب کتکان ایشلارینی توتادور.

بو اکاسی نینک اتی کوز اخوند دور. بعضیلار انی خریف خان هم دیرلار. اول سریق نفیسراق پاختەلیق چپان کیب بلیده یوغان بر تغارنی کوتارادور شو تغاردا کی برکت نی کنکروچیلیک بیلان آدم لارغه

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

اولاشتوروب براندور. شونینک بیلان ارزانچیلیق بولوب قالادور. بوکشی کلکان وقتدا یاز خانیم نینک چیقارغان ایسّیغلیقیدا هره چیبین پشه بورکه و شونداغ خفه قیلادورغان نرسه تولا زیاده بولوب کتکان دور. کوز آخوند مونی کورکانده یاز خانیمغه خفه بولوب: منکا برکان میراثینک شونداغ بولورمو دیب بولارنی یوقاتقالی تورادور. قولیدا بر یلپوکوچ بار. مونینک برله آهسته یلپوب توراد‌ور و شونینکدین چیقّان سوغاق شمالدا حالاقی نرسه‌لار یوق بولوب کتادورلار. امّا بو شمال‌نینک سوغاقلیقی اوچون اوشاق بلالار بالدورقی‌دیک سوغه توشوب قوم‌دا اوینایالمایدورلار. انینک اورنیغه توپ تپکوچ اوینارلار. کوز آخوند برکت تغاریغی بیکار قیلیب بولوب انی بر قاقیب یورکاب قولتوقیغه قیسیب کتادور. امّا کتکان حالدا همه درخت کیاه‌لار برله خوشلاشیب: یخشی اوخلانکلار ای بلالاریم دیب بر سویوب قویادور. اول سویماکی برله همه یاپرماق‌لاری غزانک بولوب توشادورلار. و درخت کیاه‌لار ایرته یاز خانیم کلکونچه ییغیلیب تاتلیق اویقو بیلان اوخلایدورلار.

همه دین کین یل بیک‌نینک کچیک اوغلی کلادور. اول هم چرایلیق بر بلا ایکان. امّا کف‌سزلیکی خیلی باردور. انینک اتی قیش آخوند دور. بعضیلار انی زمستان خان هم دیرلار. اول آق جوبه بیلان یوغان سُوْسَیْ توماق‌نی کیب کلادور. موره‌سیکا آق بر خورجین‌نی ارتیب دور. خورجین‌نینک بر کوزی پارقیرایدورغان چونک کچیک الماس برله تولغان دور و ینه بر کوزیکا پاکیزه آپ آق پاختهٔ‌نی تیقیب قویوب دور. اوّل کلکانده کیچه‌لارده ایش قیلیب خورجیندا بار الماس‌دین یرکا ساچیب برادور. بولاردین بعضی‌سی کول‌لارکا و یا باشقه سو بار یرلارکا توشوب موز بولوب قالادور بعضی‌سی رنکا رنک پارقیرایدورغان قرو بولوب درخت‌لارغه چاپلاشیب قالادور. اوشاق بلالار چیقیب بو الماسنی

قولومیزغه الیب اوینایلی دیسه توتقان حالدا قولیدین یتیب کتادور. بلالار اویانیمیز نه‌یرکا کتی دیب خفه بولوب تورسه قیش آخوند زانکلا قیلیب کولوب تام‌نینک ارقاسیدین قاچیب کتادور. ینه بر کون موز تیلاایلی دیب بلالارنی قچقیرادور. موز تمکی کوتارماکوریک بولغاندا بلا سوغه توشوب کتسه و یا یقیلیب کتیب یغلاسه قیش اخوند: کیر دینک اویانغه چیدانک اویانغه دیب ینه کولادور. شونداغ ایشلارنی قیلاقیلا یوروب یورتدا کوچلوق بولوب قالادور. اول وقت خورجین نینک ینه بر کوزیدین پاختەنی الیب یر یوزیکا ساچادور. بلالار مونی کورکانده: قار یاغیب دور قار یاغیب دور دیب خوش بولوب قچقیرادورلار؛ کمبغل کشیلار مونی کورکانده: وای قار یاغیب دور بو سوغاققه قایداغ چیدایلی دیب خفه بولورلار؛ دهقان کشیلار خوش بولوب: خداغه شکر بغدایغه فائده قیلادور دیب قیش آخوندغه دعا خیر قیلورلار.

یل بیک‌نینک تورت بلالاری یل‌نینک تورت فصلی دور یعنی ایرته یاز و یاز کوز و قیش.

خدانینک همه قیلغان نرسه‌لاری یخشی دور.

ئەۋلاد گۆزۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى